يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئۆلچەم سىستېمىسىنىڭ سان، سۈپىتى تەڭ ئۆستى

**شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى نەزەر**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رىبىن خۋا

ئۆلچەم سۈپەتنى بەلگىلەيدۇ، قانداق ئۆلچەم بولسا شۇنداق سۈپەت بولىدۇ. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايون يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆلچەملەشتۈرۈشنىڭ سۈپەتنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ قوشۇشتىكى ئۈللۈق، يېتەكچىلىك، ئىستراتېگىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە ئىلمىي، قېلىپلاشقان ئۆلچەم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا پائال تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

**ئۆلچەم سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتى**

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز قەتئىي تەۋرەنمەي ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تەرەققىيات يىرىك پىلانى (2016 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)» «ئاپتونوم رايوننىڭ جابدۇق ياسىمچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يىرىك پىلانى (2016 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)نى يولغا قويۇش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئۆلچىمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يىرىك پىلانى (2016 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە)نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، «13 ـ بەش يىل»لىق ئۆلچەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپە ۋە نىشانلارنى ئايدىڭلاشتۇردى. ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىدە، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، مۇلازىمەت كەسپى ۋە جەمئىيەت باشقۇرۇش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆلچەملەشتۈرۈش ئارقىلىق تۈزەش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ باراۋەر، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىستراتېگىيەلىك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

بەش يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىكى، ياسىمچىلىق، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئۆلچىمىدىن 463 تۈرنى ئېلان قىلدى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئۆلچىمىنىڭ ئومۇمىي سانى 1712 تۈرگە يەتتى، كوللېكتىپ ئۆلچەمدىن 186 تۈر ئېلان قىلىندى، 3547 كارخانا ئۆزىنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىدىن 14 مىڭ 25 تۈرنى ئاشكارا ئېلان قىلدى، يەرلىك ئۆلچەم سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى ئۆلچىمىنىڭ ئايلاندۇرۇلۇش نىسبىتى سىجىل ئۆستى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، بازار سۇبيېكتىنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىدىكى رولى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، كوللېكتىپ ئۆلچەمنىڭ قانۇنى ئورنى يېڭىدىن بېكىتىلىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشى جانلىق، بازار ئېھتىياجى كۈچلۈك ساھەلەرنىڭ ئۆلچەمگە بولغان ئېھتىياجى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇلدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جەمئىي 34 جەمئىيەت تەشكىلاتى پۈتۈن مەملىكەت سۇپىسىدا كوللېكتىپ ئۆلچەمدىن 186 تۈرنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. بەزى كوللېكتىپ ئۆلچەم يەنە كارخانىلار تەرىپىدىن مۇناسىۋەتلىك بازار ئىجازىتى بېجىرىش ۋە سودا راسچوتىغا ئىشلىتىلدى.

**كەسىپلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى**

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆلچەملەشتۈرۈشنى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش تېخىمۇ قويۇقلاشتى. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى سىياسەت جەھەتتىن يۆلەشكە كىرگۈزۈپ، ئۆلچەمنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كورلا نەشپۈتى، تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى قاتارلىق ئالتە جۇغراپىيەلىك بەلگىسى جۇڭگو ـ ياۋروپا جۇغراپىيەلىك بەلگىسىنى قوغداش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە قوغدىلىشىغا ئېرىشتى. «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، خاسلىقى روشەن، رىقابەت كۈچى كۈچلۈك بولغان بىر تۈركۈم داڭلىق يېزا ئىگىلىك سۈپەتلىك ماركىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، رايون ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى مەمەتجان ئابلا.

ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايون تېرىقچىلىق، چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى، باغ ـ ئورمانچىلىق، يېزا ئىگىلىك مېتېئورولوگىيەسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، جۇغراپىيەلىك بەلگە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە يەرلىك ئۆلچەمدىن 1390 تۈرنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، سۈپەتلىك ماركا ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

2018 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون «100 شەھەر، 1000 كەسىپ، 10 مىڭ كارخانا ئۆلچەمگە توغرىلىنىش، ئۆلچەمگە يېتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى باشلاپ، كارخانا ئۆلچىمىدە «باشلامچى» بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، نۇرغۇن كارخانا ئۆلچەم تۈزگۈچى، كەسىپ باشلامچىسى بولۇشقا كۆچەپ، كەسىپتە سۆز قىلىش ھوقۇقىنى ئۆستۈردى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خاس، ئەۋزەل كەسىپلەر ساھەسىدە بىر تۈركۈم كارخانا ئۆلچىمى بويىچە «باشلامچى»لار بارلىققا كەلدى. شامال ئېلېكتىر، توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قاتارلىق ساھەلەردە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشلامچى كارخانىلار يەنە خەلقئارا ئۆلچەملەشتۈرۈش پائالىيىتىگە پائال قاتناشتى.

«بۇ يىل، دۆلەت تەشەببۇس قىلغان پاكىز ئېنېرگىيە، ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق جابدۇق ياسىمچىلىقى، چوڭ تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق ساھەلەرنى چۆرىدەپ، ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى 100دىن ئارتۇق تۈردە دۆلەت، كەسىپ ئۆلچىمىنى تەييارلىدى ياكى تۈزۈشكە قاتناشتى. ئۆلچەم تۈزۈشكە پائال قاتنىشىش جەريانىدا، كارخانا كوللېكتىپ يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە مەھسۇلات سۈپىتى، ئىشلەپچىقىرىش، ياساش، كونترول قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىنىڭ بازار ئېچىش، ئۇزاق مۇددەت ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پۇختا ئاساس سالدى» دېدى ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ كابېل زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى لىيەن خۈي.

ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىش تېخنىكا لايىھەسىدىن 50 تۈر ئېلان قىلىندى، 327 كارخانا ئۆلچەمگە توغرىلىنىش نەتىجىسىدىن 487 تۈرنى ئېلان قىلدى، 100 تۈردىن ئارتۇق ئۆلچەمگە توغرىلىنىش تېخنىكىسى خەلقئارا ئۆلچەمدىكى ئاساسلىق تېخنىكا كۆرسەتكۈچىدىكى مەھسۇلاتلاردىن ئۈستۈن تۇردى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 229 كارخانا ئۆلچەمگە توغرىلىنىش، ئۆلچەمگە يېتىشكە قاتناشقان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 21 ـ ئورۇندا تۇردى.

**ھەرقايسى ساھەلەرنى ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى**

ئۆلچەملەشتۈرۈش سانى ۋە سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز زورايدى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستى... «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، مۇلازىمەت كەسپى ھەم جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

جەمئىيەت ئىدارە قىلىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايون ئاممىۋى بىخەتەرلىك، خەلق ئىشلىرى خىزمىتى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، مەمۇرىي مۇلازىمەت قاتارلىق ساھەلەردە ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى. 2016 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوندىن كۆپرەك ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)تە ئۆيلىنىشنى تىزىملاش، مەھەللە، كۆتۈنۈش، دەپنە ئىشلىرى، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، بالىلار پاراۋانلىقى قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۆت ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)تە دۆلەت دەرىجىلىك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مۇلازىمىتىنى ئۇنىۋېرسال ئۆلچەملەشتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى، يەتتە ۋىلايەت، ناھىيە دۆلەت ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ئالدىن يولغا قويىدىغان شەھەر بەرپا قىلىش بويىچە تەستىقلاندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئىسلاھاتىدا «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» يۈرۈشلۈك يەرلىك ئۆلچەمنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈش خىزمىتى ئالغا سىلجىتىلدى، «ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە ‹ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش› خىزمەت ئۆلچىمى»دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئۆلچەم ئېلان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇندى.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش جەھەتتە، ئاپتونوم رايون ئېنېرگىيە تېجەش، بۇلغىما ئازايتىش ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «يېقىلغۇ گازلىق پار قازان ئارا تام شەكلىدىكى ئىس ـ تۈتەك قالدۇق ئىسسىقلىقىنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش تېخنىكا ئۆلچىمى» قاتارلىق ئېنېرگىيە تېجەش ساھەسىدىكى يەرلىك ئۆلچەمدىن 16 تۈرنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى، «يېقىلغۇ گازلىق پار قازانلاردىكى ئىس ـ تۈتەكنى قايتا ئايلاندۇرۇپ ئازوتنى تۆۋەنلىتىش تېخنىكا ئۆلچىمى» «سانائەت ماتېرىياللىرىنى دۆۋىلەش مەيدانلىرىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى تۈزەش ئۆلچىمى» قاتارلىق يېشىل، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئۆلچىمىنى ئېلان قىلىپ، ئۆلچەملەشتۈرۈش ئارقىلىق يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تىرەك بولدى.

«‹14 ـ بەش يىل› مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش باش تېما قىلىنىدۇ، بىز يەرلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ساياھەت مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، نانچىلىق كەسپى، ئۈزۈم ھارىقى كەسپى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق ساھەلەردىكى ئۆلچەملەشتۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز» دېدى مەمەتجان ئابلا.

كورلىدا:

# خىزمەتتىكى 8000 پارتىيە ئەزاسى مەھەللىگە «تىزىمغا ئالدۇردى»

**5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈڭ ۋېيگو، ئىختىيارىي مۇخبىر جاۋ **شۈاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «بالام، سىز قاچان ئۆيگە كېلىپ تاماق يەيسىز؟ ھاۋا سوۋۇپ قالدى، سىرتقا چىققاندا قېلىنراق كىيىنىۋېلىڭ...» 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، كورلا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى لى مېيلىڭ كورلا شەھىرى يېڭىشەھەر كوچا باشقارمىسى نەنخۇ مەھەللىسى چېنشۈيۈەن ئولتۇراق رايونى ئاھالىسى چيۇ شەنئېنىڭ قەلبنى ئىللىتىدىغان تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ يىل، كورلا شەھىرى خىزمەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ «قوش تىزىمغا ئالدۇرۇش، قوش مۇلازىمەت قىلىش، قوش باھالاش» خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، نەنخۇ مەھەللىسىدىكى 294 نەپەر خىزمەتتىكى پارتىيە ئەزاسى بىرىنچى ۋاقىتتا مەھەللىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇردى، لى مېيلىڭ دەل ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى.

پىدائىيلار مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش، مەھەللە تازىلىقىدا قاراڭغۇ بۇلۇڭلارنى قالدۇرماسلىق... نەنخۇ مەھەللە پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق شەھەر ئاساسىي قاتلىمىنى ئىدارە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەمتۈرتكە بولۇش، ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش»تەك شەھەر ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى.

لى مېيلىڭ ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلغاندا چيۇ شەنئېنىڭ قارىغۇچىسى يوق ياشانغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چيۇ شەنئېي ئائىلىسىنىڭ دائىملىق مېھمىنىغا ئايلاندى. سەي ـ كۆكتات سېتىۋېلىش، گۆش سېتىۋېلىش، گاز سېتىۋېلىش، توك سېتىۋېلىش، ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، پاراڭلىشىش...چيۇ شەنئېي تۇرمۇشتا يالغۇز قالمىدى.

«ھازىر مەھەللىگە بارسام، نۇرغۇن ئاھالە تەشەببۇسكار ھالدا مەن بىلەن سالاملىشىدۇ، باش قېتىنچىلىقلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىدۇ. بىزنىڭ ئامما بىلەن كۆڭلىمىز تېخىمۇ يېقىنلاشتى.» لى مېيلىڭنىڭ قارىشىچە، خىزمەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى «قوش تىزىمغا ئالدۇرۇش، قوش مۇلازىمەت قىلىش، قوش باھالاش» خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق نامايان قىلغان، پارتىيە ئەزالىرى كەمتەرلىك بىلەن ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش سۇپىسىنى بەرپا قىلغان، پارتىيە ئەزالىرىنى ھەقىقىي تۈردە مەھەللىنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرغان.

ھازىرغا قەدەر، كورلا شەھىرىدە جەمئىي خىزمەتتىكى 8048 پارتىيە ئەزاسى 91 مەھەللىدە «قوش تىزىمغا ئالدۇرۇش، قوش مۇلازىمەت قىلىش، قوش باھالاش» خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. «ئاممىغا نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇ مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش» پرىنسىپى بويىچە، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خىزمەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بەس ـ بەستە خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىدىغان ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى لېكسىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مەھەللىلەردە ئاممىغا ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاممىنى قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىشقا يېتەكلىدى؛ كورلا شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى ھەرقايسى يېزا ـ بازار (مەيدان)، كوچا باشقارمىلىرىدا «سودىيەلەر ئىشخانىسى» قۇرۇپ، سودىيە، سودىيە ياردەمچىسى، پۈتۈكچىدىن تەشكىللەنگەن ئەترەت ھەر ھەپتىدە بىر كۈن سودىيە ئىشخانىسىغا كىرىپ، دەۋادىن بۇرۇنقى مۇرەسسە ۋە ئائىلىلەرگە كىرىپ قانۇننى چۈشەندۈرۈشنى قانات يايدۇردى؛ قۇرۇلۇش كوچا باشقارمىسى «چوڭ خىزمەت كومىتېتى» تەۋەلىكىدىكى كورلا شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى، قۇرۇلۇش يولى ساقچىخانىسى قاتارلىق يەتتە ئورۇندىكى 30دىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنى تەشكىللەپ، ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، كوچا، يېزىلارنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى ۋە تارماقلارنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ـ بىر تەرەپ قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى...

بۇ يىلدىن بۇيان، كورلا شەھىرى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خىزمەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى ئامما بىلەن ئالاقىلىشىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش «قىزىل لىنىيە سۇپىسى»نى ئېچىپ، مەھەللىنىڭ ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش كۈچىنى تولۇقلىدى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى ئورگان پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىشىپ، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى، قىيىنچىلىقى بار ئاممىدىن ھال سوراش، مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەش، ساغلاملىق بويىچە ھەقسىز كېسەل كۆرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەردىن 316 مەيدان قانات يايدۇردى.

ئىلتىماس ـ تەلەپنى ئاڭلايدىغان ئادەم بولۇش، مەسىلىلەرنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىدىغان ئادەم بولۇش، خىزمەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى مەھەللىلەرگە كىرىپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى «نۆل ئارىلىق»تا ھەل قىلىپ، ئاھالىلەرگە پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇرغانلىقىنى، پارتىيە ئەزالىرى مۇلازىمىتىنىڭ يېنىدىلا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى ئامما بىلەن ئالاقىلىشىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى ياخشى مېڭىشقا پۇختا ئاساس سالدى. خىزمەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى مەھەللىلەرگە سىڭىپ كىرىپ، ھەم مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشى بايلىقىنى جانلاندۇردى، ھەم ئىدارە پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن مەھەللە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورتاق قۇرۇشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، رايونلاشقان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئەندىزىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

# سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەرنى تاللاپ سېتىۋېلىش، بىر تەرەپ قىلىشتا بۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

**مۇداپىئە كۆرسەتمىسى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: يېقىنقى مەزگىلدە، دۆلەت ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەرگە ئالاقىدار يۇقۇم كۆپ قېتىم كۆرۈلدى. شەھەر ئاھالىلىرى سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەرنى تاللاپ سېتىۋالغاندا ۋە بىر تەرەپ قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك؟ ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇتەخەسسىسى مۇنداق تەكلىپ بەردى: يېمەكلىك سېتىۋالغاندا ماسكا تاقاش ۋە پەلەي كىيىش؛ ئائىلىدە يېمەكلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، پاكىزلىقىنى ساقلاش، خام بىلەن پىششىقنى ئايرىش، تولۇق پىشۇرۇش، يېمەكلىكنىڭ بىخەتەر تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاش، بىخەتەر سۇ ۋە خام ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى ئاممىۋى سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ياڭ خاۋفېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئىستېمالچىلار توڭلىتىلغان ياكى سوغۇق ساقلانغان يېمەكلىكلەرنى مۇنتىزىم تاللا بازارلىرى ياكى بازارلاردىن سېتىۋېلىشى ھەم يېمەكلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان ئورنى، كېلىش مەنبەسى، ئىشلەپچىقىرىلغان ۋاقتى، ساقلاش مۇددىتى، ساقلاش شارائىتى، يېمەكلىكنى كارانتىن قىلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىشى، كېلىش مەنبەسى ئۇچۇرى ئېنىق بولمىغان سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋالماسلىقى كېرەك.

ياڭ خاۋفېڭ مۇنداق ئەسكەرتتى: يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەھەر ئاھالىلىرى سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشى، يېمەكلىك قىسقۇچ، بىر قېتىملىق پەلەي ياكى بىر قېتىملىق سولياۋ خالتىلىق قاپنى ئىشلىتىپ تاللاپ سېتىۋالسا بولىدۇ. تاللاپ سېتىۋېلىش مەزگىلىدە شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى قىلىش، ماسكىنى توغرا تاقاش، مال سېتىۋالغاندىن كېيىن ۋاقتىدا قولنى سوپۇن ياكى قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى بىلەن يۇيۇش، قولنى يۇيۇشتىن بۇرۇن ئېغىز، بۇرۇن، كۆز قاتارلىقلارنى تۇتماسلىق كېرەك. تاللاپ سېتىۋالغاندا قىستاڭچىلىقتىن ساقلىنىش، باشقىلار بىلەن بىر مېتىردىن ئارتۇق ئارىلىق ساقلاش كېرەك. ئەگەر ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق يوللار ئارقىلىق سېتىۋالغان بولسا، سىرتقى ئوروسىنىڭ يۈزىنى ياخشى دېزىنفېكسىيەلەپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئەكەلگەندىن كېيىن، قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ ياڭ خاۋفېڭ مۇنداق تەكلىپ بەردى: 75%لىك ئىسپىرت بىلەن يېمەكلىكلەرنىڭ سىرتقى ئوروسىنى دېزىنفېكسىيەلەش، ساقلىغاندا ئايرىم ھەم ئوراش، توغرىغاندا خام بىلەن پىششىقنى ئايرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. يېمەكلىك ۋە ئورو (بولۇپمۇ يۇقۇم خەۋپى يۇقىرى بولغان رايونلاردىن كەلگەن توڭلىتىلغان سۇ مەھسۇلاتلىرى، گۆش تۈرى قاتارلىقلار)نى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا قولنى پات ـ پات يۇيۇش، قول يۇيماي تۇرۇپ ئېغىز، كۆز، بۇرۇننى تۇتۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاشتىن بۇرۇن ئەستايىدىل يۇيۇش، لېكىن جۈمەكتىن ئېقىتىپ بىۋاستە يۇماسلىق، چاچراپ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك (داسقا سېلىپ يۇيۇشقا بولىدۇ).

ئۇ يەنە مۇنداق ئەسكەرتتى: قورۇش، پىششىقلاش جەريانىدا، ئوچاق بېشى ۋە ئاشخانا سايمانلىرىنى ۋاقتىدا يۇيۇش، دېزىنفېكسىيەلەش كېرەك، قىزىتىش، ھوردىتىش ئۈنۈملۈك دېزىنفېكسىيەلەش ئۇسۇلى؛ قاچا، تىغلىق ئەسۋاب، ئەمبەللەردە يېمەكلىك ساقلىغان ۋە بىر تەرەپ قىلغاندا چوقۇم خام بىلەن پىششىقنى ئايرىش، بولۇپمۇ خام گۆش، خام سۇ مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، گىرەلەشمە بۇلغىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ يېمەكلىكلەرنى پىشۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئىستېمال قىلىش، ئىمكانقەدەر خام يېيىش، چالا پىشۇرۇپ يېيىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ يېمەكلىك قالدۇقلىرىنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىش، ھەم ئايرىم ئەخلەت خالتىسىغا سېلىپ ۋاقتىدا تازىلاش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، سوغۇق زەنجىرسىمان يېمەكلىكلەرنى توڭلاتقۇنىڭ توڭلىتىش ساندۇقىدا ساقلاش كېرەك، ساقلاش ۋاقتى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، پىششىق يېمەكلىكلەردىن ئايرىپ ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.